# ئەدەبىيات ۋە ماكان خاتىرىسى

(بېغىشلىما)

ئابدۇقادىر جالالىدىن



تەرەققىيات بەزىدە ئۆزگىچە ئالاقىدار ئادەملەر ۋە ئىشلارنى غايىب قىلىۋېتىدۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئەدەبىيات دېگەن بىر نەرسە بار، ئۇ مۇمكىنقەدەر ئاشۇ ئاددىي ئادەملەر ۋە ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك كەچۈرمىشلەرنى تېرەن تەسۋىر، نازۇك ئىپادە شەكلىدە قايتا نامايان قىلىپ، ھاياتنىڭ مەنىۋى ئارخىپلىرىنى روياپقا چىقىرىدۇ.

قاراماي رايونىمىزدىكى بىر سانائەت شەھىرى، ئۇ يەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەكلىماكان ۋادىلىرىدىكى جىمجىت تۇرمۇشىغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە تۇرمۇش بار. سىز ئۇ يەردە ۋىشكا، كاچالكا، نېفىت، ماي چەككىلەش زاۋۇتى ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدىكى جاپالىق تۇرمۇشىنى، كۆڭۈل ئىزتىراپلىرىنى، تۆلىگەن بەدەللىرىنى كۆرىسىز. تازا چوڭقۇرلاپ قارىسا، ئەجدادلارنىڭ ئىزى تېخى ئۆچمىگەن بۇ شەھەر باياۋان قەلبىدىكى جەلپكار ناخشىدەك ھەر كىمنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ سادda، تۇرمۇشقا

سادىق قەلىمى بىلەن بۇ شەھەرنىڭ خاتىرىسىنى بەدىئىي تۈستە كۆلەملەشتۈرگەن قاراماي ئەدىبلەر قوشۇنىدىكى مۇستەقىل بىر سىيما. تازا ئىنچىكە سەپسالغىنىمىزدا، قاراماي ئەدەبىياتى باشقا رايونلارغا نىسبەتەن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرالايدىغان يەرلىك پۇراقتا باي ئەسەرلەر تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەتقىقات قىممىتى بار بولغان بىر ئەدەبىيات.

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا پىروزا ساھەسىدە تىنىمسىز ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان ئاپتور بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر تۈركۈم ھېكايە ۋە پوۋېستلارنى ئىجاد قىلدى. ئەگەر بىر شەھەرنىڭ تەرەققىياتىنى نوقۇل ماددىي كۆرسەتكۈچ بىلەن ئەمەس، مەنىۋى كۆرسەتكۈچ بىلەنمۇ باھالايدىغان ئىش بولسا، قاراماي ئەدىبلىرىنىڭ بۇ شەھەرنىڭ كۈلتۈرەل قىياپىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىنى يۇقىرى باھالىغان بولاتتۇق. بىز ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ بۇ پوۋېست - ھېكايىلەر توپلىمىدىكى «جەرەن رىۋايىتى» ناملىق ھېكايىسى ئارقىلىقلا پەقەت ئەدەبىياتنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان خاتىرە كۈچىنى ئۈچرىتالايمىز.

— ئاۋۇ نېمىنىڭ ھەيكىلى؟ — سورىدى ئارمان دۆڭ باغرىدىكى. چىمەنزارلىقنىڭ بىرقانچە يېرىگە قاتۇرۇلغان جەرەنلەرنىڭ ھەيكىلىنى كۆرسىتىپ.

— جەرەننىڭ ھەيكىلى بالام.

— بوۋا، نېمىشقا بۇ يەرنى جەرەنبۇلاق دەپ ئاتايدۇ؟

يۇقىرىقى دىئالوگدىن مۇنداق بىرقانچە روھىي قاتلامغا ئېرىشىمىز: ① جەرەننىڭ ھەيكىلى سانائەت شەھىرىدىكى

كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ئانىنى سىغىنىشى. ② قورۇلۇش داۋامىدىكى ئېكولوگىيىلىك يوقىتىش. ③ رىۋايەتكە يوغۇرۇلۇپ كەتكەن تەزكىرە. ④ يەر نامى ۋە تەبىئەت. ھېكايىدىكى ئاسىم بوۋاي نېفىتلىكنى بەرپا قىلىشقا قاتناشقان كونا بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئارمان بولسا ئاشۇلارنىڭ يىلتىزىدىن كۆكلىگەن بىر نوتا. بوۋاي ئۆزىنىڭ نىمجان بىر جەرەننى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇۋېتىشى ۋە ئۇ جەرەننىڭ بوۋاينىڭ ھاياتىغا ئارا تۇرۇشى توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئاسفالت يول، ئېگىز بىنالار قۇچىقىدىكى بىر سەبىي بالىنى بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تارىخىي كەچلىكى ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. بالا ئۆزى سەزمىگىنى بىلەن تارىخنىڭ ئىچىدە ئىدى، بوۋاينىڭ جەرەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاشۇ تارىخنىڭ كىشىلەر ئاسانلىقچە دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدىغان كىچىككىنە بىر تەرىپىنى ئالدىمىزدا ئايان قىلىدۇ. ئىقتىساد شاۋقۇنلىرى ئىچىدە تەبىئەتكە قاتتىق تەشنا بولغان يازغۇچى جەرەننى ساپ مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. جەرەن ھەققىدىكى تەسۋىرلەر ئاۋات سانائەت شەھىرىنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇلغان گۈلدەك تەسىر بېرىدۇ.

بوۋاينىڭ قەلبىدىكى دىيانەت جەرەنگە بولغان ھېسداشلىق ئارقىسىدا گەۋدىلىنىدۇ، بالىنىڭ ساپ تەبىئىتىگە جەرەنمۇ ئىزتىراپسىز ھالدا سىڭىپ كېتەلەيدۇ.

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ئەسەرلىرىدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت،

مۇھەببەت، ئەخلاق قاتارلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ خېلى تەسىرلىك قىلىپ سىزىپ بەردى. بىز ئۇنىڭ بۇ تۇنجى قەدىمىگە ئىزچىللىق ۋە تەرەققىيات تىلەيمىز. مەزكۇر پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ئۇچۇن يىراقتا سەكرەش تاختىسى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

## پوۋېستلار

ئاچا يول ........................................ 3
قىزىل رەڭلىك پىكاپ .............................. 85

## ھېكايىلەر

ۋىشكا رىشتى .................................... 171
قونالغۇدا ........................................ 178
ئۆمەرنىڭ كارامىتى ................................ 191
گۈزەللىك سىمفونىيىسى ........................... 196
قەلب ئالبومىدىكى ئابىدە ......................... 221
ئۆتۈنۈش ......................................... 225
گۈلدەستە ........................................ 230
قىزىم يازغان ھېكايە ............................. 243
«كەشپىياتچىلار» ................................. 251
نېفىت شەھىرىنىڭ ئەزىز پۇقراسى ................. 263
گۈگۈمدىكى پاراڭلار .............................. 283

«ئوۋچى» ........................................................ 293
مۇردىسىز لەھەت ............................................ 302
پالاكەت ........................................................ 341
جەرەن رىۋايىتى .............................................. 377